# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات

(بېشى 5 - بەتتە)

ئاكتىپ مالىيە سىياستىدە سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. يۇقۇمنىڭ ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنگەنلىكى ۋە ئىقتىسادنىڭ تەدرىجىي ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ يىللىق قىزىل رەقەم نىسبىتى 3.2% ئەتراپىدا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بۇلتۇرقىدىن بىرئاز تۆۋەنلىتىلمەكچى. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە زايومى قايتا تارقىتىلمايدۇ. مالىيە كىرىمى ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرىدە ئاشقانلىقى ئۈچۈن، مالىيە چىقىم ئومۇمىي كۆلىمى بۇلتۇرقىدىن ئاشۇرۇلدى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى، خەلق تۇرمۇشىنى، بازار سۇبيېكتىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش يەنىلا مۇھىم نۇقتا قىلىندى. مەركەزنىڭ چىقىمى داۋاملىق مەنپىي ئاشۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. جىددىي ئېھتىياجلىق بولمىغان چىقىم ۋە غەيرىي مۇتلەق چىقىم يەنىمۇ زور دەرىجىدە قىسقارتىلىپ، جايلارغا بېرىلىدىغان ئادەتتىكى يۆتكىمە چىقىم 7.8% ئاشۇرۇلدى، ئېشىش ھەجمى بۇلتۇرقىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى يۆتكىمە چىقىم، ناھىيە دەرىجىلىك ئاساسىي مالىيە كۈچىنى كاپالەتلەندۈرۈش مېخانىزمى ئۈچۈن بېرىلىدىغان مۇكاپات - تولۇقلىما مەبلىغى قاتارلىقلار 10% تىن كۆپرەك ئاشۇرۇلدى. مالىيە مەبلىغىنى بىۋاسىتە يەتكۈزۈشنىڭ دائىملاشقان مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ھەمدە ئۇنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، 2 تىرىليون 800 مىليارد يۈەن مەركەز مالىيە مەبلىغى بىۋاسىتە يەتكۈزۈش مېخانىزمى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، كۆلىمى بۇلتۇرقىدىن كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇلۇپ، شەھەر - ناھىيە ئاساسىي قاتلاملىرىنىڭ كارخانا ۋە خەلققە نەپ يەتكۈزۈشى ئۈچۈن مالىيە كۈچى جەھەتتىن تېخىمۇ ۋاقتىدا كۈچلۈك مەدەت بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر خەلق ئۈچۈن تېجەشلىك بولۇپ، غورىگىل كۈن ئۆتكۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشى چىقىمىنى ئازايتماي كۆپەيتىشكە كاپالەتلىك قىلىشى، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتۇشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

باج كېمەيتىش سىياستىنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بازار سۇبيېكتىنىڭ كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشى ئۈچۈن، يەنىلا داۋاملىق ياردەم بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. تۈزۈم خاراكتېرلىك باج كېمەيتىش سىياستىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ، كىچىك كۆلەمدىكى باج تاپشۇرغۇچىلارغا قوشۇلما قىممەت بېجىدا ئېتىبار بېرىش قاتارلىق بىر قىسىم باسقۇچلۇق سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىش مۇددىتىنى ئۇزارتىپ، قۇرۇلمىلىق باج كېمەيتىشنىڭ يېڭى تەدبىرىنى يولغا قويۇپ، بىر قىسىم سىياسەتنىڭ تەڭشىلىشىدىن كېلىپ چىققان تەسىرنى تۈگىتىش كېرەك. كىچىك كۆلەمدىكى باج تاپشۇرغۇچىلاردىن قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىش نۇقتىسى ئايلىق سېتىش سوممىسى 100 مىڭ يۈەندىن 150 مىڭ يۈەنگە ئۆستۈرۈلىدۇ. كىچىك، مىكرو كارخانىلار ۋە يەككە سودا - سانائەتچىلەردىن يىللىق باج تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تاپاۋەت سوممىسىنىڭ 1 مىليون يۈەنگە يەتمىگەن قىسمىدىن ئېلىنىدىغان تاپاۋەت بېجى ھازىرقى ئېتىبار بېرىش سىياستى ئاساسىدا يەنە يېرىم كېمەيتىپ ئېلىنىدۇ. جايلار باج كېمەيتىش سىياستىنى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ تولۇق بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

پۇختا پۇل سىياستى جانلىق، دەل جايىدا، مۇۋاپىق، لايىقىدا بولۇشى كېرەك. ئەمەلىي ئىقتىسادقا مۇلازىمەت قىلىشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. پۇل تەمىنات مىقدارى ۋە ئىجتىمائىي مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى نامىي ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇش، ئوبوروتنىڭ مۇۋاپىق، يېتەرلىك بولۇشىنى، ماكرولۇق پىشاڭ نىسبىتىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك. خەلق پۇلى پېرېۋوت نىسبىتىنىڭ مۇۋاپىق، تەڭپۇڭ سەۋىيەدىكى ئاساسىي مۇقىملىقىنى ساقلاش لازىم. ئوتتۇرا، كىچىك، مىكرو كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى يەنىمۇ ھەل قىلىش كېرەك. كىچىك، مىكرو كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان قەرزنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى كېچىكتۈرۈپ قايتۇرۇش سىياستىنى داۋاملاشتۇرۇپ، قايتا قەرز بېرىش، قايتا دىسكونت قىلىش قاتارلىق ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلىسىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. كىچىك، مىكرو كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كېپىللىك ھەققىنى تۆۋەنلىتىش مۇكاپات تولۇقلىمىسى بېرىش سىياستىنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، قەرز خەۋپ - خەتىرىنى تارقاقلاشتۇرۇش تولۇقلىمىسى بېرىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىناۋەت ئۇچۇرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى سىناش، باھالاش ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى كەچۈرۈم قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بانكىلارنى ئىناۋەتلىك قەرز بېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە، تۇنجى قەرز ئالغۇچىلارنى داۋاملىق كۆپەيتىشكە يېتەكلەپ، قەرزنى ئۆددۈللۈق ئېلىپ ئۆددۈللۈق قايتۇرىدىغان بولۇشنى كېڭەيتىپ، مەبلەغنى پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا، يېشىل تەرەققىياتقا، كىچىك، مىكرو كارخانىلارغا، يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە، يېڭى تىپتىكى يېزا ئىگىلىكى تىجارەت سۇبيېكتلىرىغا تېخىمۇ كۆپ يۆزلەندۈرۈش، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە داۋاملىق ئۇچراۋاتقان ساھەلەر ۋە كارخانىلارنى نىشانلىق قوللاش كېرەك. چوڭ سودا بانكىلىرىنىڭ كىچىك، مىكرو كارخانىلارنى مەنپەئەتلەندۈرىدىغان قەرز پۇلى 30% تىن كۆپرەك ئاشۇرۇلىدۇ. تەمىنات زەنجىرى پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىش كېرەك. كىچىك، مىكرو كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان رەسمىيەت ھەققىنى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىش لازىم. ئامانەت پۇل ئۆسۈم نىسبىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، ئەمەلىي قەرز ئۆسۈم نىسبىتىنى يەنىمۇ تۆۋەنلىتىشكە تۈرتكە بولۇپ، پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنى ئەمەلىي ئىقتىسادقا مەنپەئەت ئۆتۈنۈشكە داۋاملىق يېتەكلەش كېرەك. بۇ يىل كىچىك، مىكرو كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى تېخىمۇ قولايلاشتۇرۇش، ئۇنىۋېرسال مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تەننەرخىنى مۇقىملىق ئاساسىدا تۆۋەنلىتىشنى جەزمەن ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياستىنى داۋاملىق كۈچەيتىش، كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش كېرەك. ھازىر بار ئىش ئورۇنلىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن مۇقىملاشتۇرۇپ، خادىملارنى قىسقارتمىغان، ئاز قىسقارتقان كارخانىلارغا داۋاملىق تۈردە زۆرۈر بولغان مالىيە - باج، پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن سىياسەت مەدىتى بېرىش كېرەك. ئىشسىزلىق ۋە ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتا ھەققى نىسبىتىنى داۋاملىق تۆۋەنلىتىش، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنى قايتۇرۇش قاتارلىق باسقۇچلۇق ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش سىياستىدىن نەپ ئېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىش ئورنىدا تەربىيەلەش سىياستىنى يولغا قويۇش مۇددىتىنى ئۇزارتىش كېرەك. بازارلاشتۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىنىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلىنىش شەرتىنى تۆۋەنلىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەتنىڭ كەسپىي سالاھىيەت مۇندەرىجىسىنى ھەرىكەتچان سەرخىللاشتۇرۇپ، قىسمەن ئىجازەت تۈرىدىكى كەسپىي سالاھىيەت ئىمتىھانىغا خىزمەت يىل چېكى جەھەتتە قويۇلىدىغان تەلەپنى تۆۋەنلىتىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك. يېڭى ئىشقا ئورۇنلىنىش ھالىتىنى قوللاپ، قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، كەسپىي زەخمىگە ئۇچرىغانلارنى كاپالەتلەندۈرۈش سىنىقىنى تېز ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشقانلارغا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تولۇقلىمىسى بېرىشنى داۋاملىق يولغا قويۇش، ئىشقا ئورۇنلاشقان جايدا ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتنىشىشقا قويۇلىدىغان نوپۇس چەكلىمىسىنىڭ قويۇۋېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، ھەربىيدىن چېكىنگەنلەر، دېھقان ئىشلەمچىلەر قاتارلىق نۇقتىلىق كىشىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مېيىپلەر، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىدىكىلەر قاتارلىق قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىنىشىغا ياردەم بېرىش سىياستىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشسىز قالغانلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كەسپىي ماھارەت تەربىيەسى مەبلىغىنى ئىشلىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كەڭ كۆلەملىك، كۆپ قاتلاملىق كەسپىي ماھارەت تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، كەسپىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈش ۋە ئالىي كەسپىي مەكتەپلەرگە كۆپەيتىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنىڭ ئۈچ يىللىق ھەرىكەت نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىر تۈركۈم يۇقىرى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش بازىلىرىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلىنىش ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلىدۇ. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەخسۇس ياردەم پۇلى قاتارلىق مەبلەغدىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك ئەمگەك كۈچلىرى بازىرى، ئىختىساسلىقلار بازىرى، كۆنلۈكچىلەر بازىرى قۇرۇلۇشىنى قوللاپ، ئىشقا ئورۇنلىنىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلىنىش ئارزۇسى ۋە ئىقتىدارى بارلارغا تېخىمۇ كۆپ، ئادىل ئىشقا ئورۇنلىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىلىدۇ.

(2) نۇقتىلىق ساھەلەر ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇش. كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش سىياستىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئالاقىدار ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ ئىجادىي بازار سۇبيېكتىنى يېتىلدۈرىمىز.

ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى يەنىمۇ ئۆزگەرتىش. بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئۈنۈملۈك بازار بىلەن قابىل ھۆكۈمەتنىڭ تېخىمۇ ياخشى بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرىمىز، بازار ئىجازىتىنى داۋاملىق كەڭ قويۇۋېتىپ، مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتى سىنىقىنى قانات يايدۇرۇپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە باراۋەر قوغدايمىز. «بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈپ، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت - سودا مۇھىتىنى تېزدىن بەرپا قىلىمىز. مەمۇرىي ئىجازەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى تىزىملىككە كىرگۈزۈپ باشقۇرىمىز. گۇۋاھنامە بىلەن كىنىشكىنى ئايرىش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانىلارغا چېتىلىدىغان تەستىقتا ھالقىنى، ماتېرىيالنى، سۈرۈكنى ۋە ھەققىنى ئازايتىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرىمىز. بازار سۇبيېكتىنى چېكىندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوتتۇرا، كىچىك، مىكرو كارخانىلارنى رويخەتتىن ئۆچۈرۈشنىڭ ئاددىي تۈزۈمىنى يولغا قويىمىز. سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىجازىتى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، ئاپتوموبىل، ئېلېكترون، ئېلېكتر سايمانلىرى قاتارلىق ساھەلەردە ئىشلەپچىقىرىش ئىجازىتى ۋە ئوبوروت باشقۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانلىق ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاپ تۆۋەنگە ھوقۇق بېرىشتىكى زۆرۈر كاپالەت قىلىپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ياكى تۆۋەنگە بېرىلگەن تەستىقلاش تۈرلىرىنى ئىش داۋامىدا ۋە ئىشتىن كېيىن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دەرىجە ۋە تۈرلەر بويىچە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سىياستىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تارماق ھالقىغان ئۇنىۋېرسال نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، «ئالاقە تورى + نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش»نى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىمىز، لەۋزىدە تۇرمىغانلارنى جازالاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئادىل نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئارقىلىق ياخشىلارنى تاللاش، ناچارلارنى شاللاشنى ئىلگىرى سۈرىمىز. رەقەملىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەمۇرىيەت سانلىق مەلۇماتىدىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئېلېكترونلۇق گۇۋاھنامە، كىنىشكىنى ئىشلىتىش ساھەسىنىڭ ۋە مەملىكەت بويىچە ئۆز ئارا تونۇش، ئېتىراپ قىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭەيتىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ مەمۇرىيەت مۇلازىمىتى ئىشلىرىنى توردا بېجىرىش، ئالقاندا بېجىرىش، بىر قېتىمدىلا بېجىرىپ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز. كارخانا ۋە ئاممىنىڭ دائىم بېجىرىدىغان ئىشلاردا بۇ يىل «ئۆلكە ھالقىپ بېجىرىش» ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

ئىسلاھات چارىسى ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش. ئېنېرگىيە، قاتناش، تېلېگراف قاتارلىق ئۇل ساھەلەرنىڭ ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، مۇلازىمەت ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلىدۇ، ھەق ئېلىش سەۋىيەسى تۆۋەنلىتىلىدۇ. بارلىق ياسىمچىلىق كارخانىلىرىنىڭ توكنى بازارلاشتۇرۇش سودىسىغا قاتنىشىشىغا يول قويۇلۇپ، ئىشلىتىلگەن توكقا نامۇۋاپىق باھا قوشۇش ئەھۋالى تېخىمۇ ئېنىقلىنىدۇ، ئادەتتىكى سودا - سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىش ئىشى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كەڭ بەلباغلىق تور ھەققى ۋە مەخسۇس لىنىيەلىك تور ھەققى يەنە 10% تۆۋەنلىتىلىدۇ. يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا پەرقلەندۈرۈپ ھەق ئېلىش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلىدۇ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئورنىتىلغان يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ يول يۈرۈشكە دەخلى يەتكۈزىدىغان يولنىڭ ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكىگە چەك قويۇش ئەسلىھەلىرى، تەكشۈرۈش چازىلىرى قەتئىي تۈزەپ رەتكە سېلىنىدۇ. پورت قۇرۇلۇشى ھەققى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، ئاۋىياتسىيە شىركەتلىرىنىڭ پۇقراۋى ئاۋىياتسىيە تەرەققىيات فوندى ئۈچۈن ئېلىنىدىغان ھەق ئۆلچىمى 20% تۆۋەنلىتىلىدۇ. يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىغان جايلارنىڭ دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى ئۆيلەرنى ئىجارىگە ئالغان مۇلازىمەتچىلىك تىپىدىكى كىچىك، مىكرو كارخانىلار ۋە يەككە سودا - سانائەتچىلەردىن ئېلىنىدىغان ئىجارە ھەققىنى ئازايتىشقا، كەچۈرۈم قىلىشقا مەدەت بېرىلىدۇ. تۈرلۈك ۋاستىچى ئاپپاراتلارنىڭ مۇلازىمەت شەرتى، تەرتىپى، سۈرۈكى ۋە ھەق ئۆلچىمىنى ئاشكارىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. باجدىن باشقا كىرىمنىڭ نامۇۋاپىق ئېشىشىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، قالايمىقان ھەق ئېلىش، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش، قالايمىقان سېلىق سېلىشنى قاتتىق تۈزەپ، خەلققە كاشىلا سېلىپ نەپ ئالىدىغان ئىشنى قىلماي، بازار سۇبيېكتىنى خاتىرجەم تىجارەت قىلىش، بىمالال ئالغا ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى قىلچە تەۋرەنمەي مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا قىلچە تەۋرەنمەي ئىلھام بېرىش، مەدەت بېرىش، يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھەممىسى دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى قۇرغۇچىلار، شۇڭا، ئۇلارغا ئوخشاش كۆزدە قاراش، باراۋەر مۇئامىلە قىلىش كېرەك. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ئۈچ يىللىق ھەرىكەت پىلانىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، دۆلەت كاپىتالى ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنى كۈچەيتىش، سەرخىللاشتۇرۇش ۋە زورايتىش كېرەك. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئارىلاشما مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر ئوتتۇرىسىدا يېقىن، پاك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان تۈرلۈك توسالغۇلارنى تۈگىتىش لازىم. ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ پۇلنى ۋاقتىدا بەرمەيدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈگىتىشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك، كارخانىچىلار روھىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. دۆلەت سۇپا كارخانىلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىپ، خەلقئارا رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قانۇن بويىچە قېلىپلىشىپ تەرەققىي قىلىشىنى قوللاپ، رەقەم قائىدىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش لازىم. مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇش ۋە كاپىتالنىڭ تەرتىپسىز كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۈچەيتىپ، ئادىل رىقابەتلىشىدىغان بازار مۇھىتىنى قەتئىي قوغداش كېرەك.

مالىيە - باج، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش. خامچوت ئارقىلىق چەكلەش ۋە ئۈنۈم ئارقىلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خامچوتنى ئاشكارىلاش سالمىقىنى زورايتىپ، باجدا - ھەقتە ئېتىبار بېرىش سىياستىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىشنى بېجىرىش تەرتىپى ۋە رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇش كېرەك. مەركەز بىلەن جايلارنىڭ مالىيە ئىش ھوقۇقى ۋە چىقىم مەسئۇلىيىتىنى ئايرىش ئىسلاھات لايىھەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. يەرلىك باج سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش لازىم. ئوتتۇرا، كىچىك بانكىلارنىڭ كاپىتالنى تۈرلۈك يوللار بىلەن تولۇقلاشنى، شىركەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىشنى داۋاملاشتۇرۇش، يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سىياسەت خاراكتېرلىك بانكىلارنى تۈرگە ئايرىش، ھېساباتنى ئايرىش ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سۇغۇرتا كاپالىتى ۋە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. رويخەتكە ئېلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈپ، بازاردىن چېكىنىشنىڭ دائىملاشقان مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زايوم بازىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرىنى كېڭەيتىش كېرەك. پۇل مۇئامىلە پاي كونترول شىركىتىنى ۋە پۇل مۇئامىلە پەن - تېخنىكىسىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پۇل مۇئامىلىدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئېھتىياتچانلىق بىلەن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش شەرتى ئاستىدا يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پۇل مۇئامىلە خەۋپ - خەتىرىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چېكىتىپ، سىستېما خاراكتېرلىك خەۋپ - خەتەر يۈز بەرمەسلىكنىڭ تۆۋەن چېكىنى قەتئىي ساقلاش كېرەك. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئەمەلىي ئىقتىسادقا مۇلازىمەت قىلىشتەك ئۆز بۇرچىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

(3) يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىپ ئەمەلىي ئىقتىسادنى يۇقىرى سۈپەتتە راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى يېتىلدۈرۈش ۋە زورايتىش. پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئەمەلىي ئىقتىساد بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش. دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پەن - تېخنىكا كۈچىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت تەجرىبىخانىسى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن - تېخنىكا تۈرلىرى ۋە يېڭىلىق يارىتىش بازىلىرىنىڭ جايلىشىشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇپ، «پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش 2030 —— زور تۈرلەر»نى چوڭقۇر پىلانلاپ ئىلگىرى سۈرۈپ، چوڭ - چوڭ پەن - تېخنىكا مەخسۇس تۈرلىرىنى يولغا قويۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، «ئېلان چىقىرىپ باشلامچى تاللاش» قاتارلىق مېخانىزملارنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. شارائىتى يار بېرىدىغان جايلارنىڭ خەلقئارالىق ۋە رايون خاراكتېرلىك پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مەركەزلىرىنى قۇرۇشىغا مەدەت بېرىپ، دۆلەتنىڭ ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرى قاتارلىقلارنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى كۈچەيتىش كېرەك. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىغا ئالاقىدار پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم، پەن - تېخنىكىدا ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى كۈچەيتىش لازىم. پەن تەتقىقات سەممىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىلىم - پەن روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ياخشى ئېكولوگىيەسىنى بەرپا قىلىش لازىم. ئۇل تەتقىقات —— پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مەنبەسى، شۇڭا، قوللاش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ ۋە مۇقىملاشتۇرۇپ، سېلىنمىنى زور ھەجىمدە كۆپەيتىش كېرەك، مەركەزنىڭ ئۇل تەتقىقات چىقىمى 10.6% ئاشۇرۇلدى، خىراجەتنى ئىشلىتىشتە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى چوڭايتىش سىياستىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلەرنى ئىلتىماس قىلىش، باھالاش، خىراجەتنى باشقۇرۇش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى باھالاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى ئەلالاشتۇرۇپ، پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ نامۇۋاپىق يۈكىنى تىرىشىپ تۈگىتىپ، ئۇلارنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىم - پەندە ئىزدىنىش، «بىر ئىشقا ئون يىللاپ ئەجىر قىلىش» روھى بىلەن ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق ساھەلەردە زور بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىشىغا بازارلاشتۇرۇش مېخانىزمى ئارقىلىق ئىلھام بېرىش. كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىشتىكى سۇبيېكتلىق ئورنىنى كۈچەيتىپ، باشلامچى كارخانىلارنى يېڭىلىق يارىتىش بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش - ئوقۇتۇش - تەتقىقاتنىڭ بىرىكىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مۈلۈك ھوقۇقى بويىچە رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش مەبلىغىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياستىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كارخانىلارنىڭ تەتقىقات - كەشپىيات خىراجىتىنى 75% قوشۇپ ھېسابلاپ چىقىرىۋېتىش سىياستىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىش، ياسىمچىلىق كارخانىلىرىنىڭ قوشۇپ ھېسابلاپ چىقىرىۋېتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ 100% كە يەتكۈزۈش، باجدا ئېتىبار بېرىش مېخانىزمى ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ تەتقىقات - كەشپىيات سېلىنمىسىنى كۆپەيتىشكە ئىلھام بېرىپ، كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش يولى بىلەن تەرەققىياتنى يېتەكلىشىگە كۈچەپ تۈرتكە بولۇش كېرەك.

كەسىپ زەنجىرىنى ۋە تەمىنات زەنجىرىنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش، ئۇچىنى تۈگىتىش، بىرىنى تۆۋەنلىتىش، بىرىنى تولۇقلاش مۇھىم ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئورۇنداش كېرەك. ئىلغار ياسىمچىلىق كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ كۆپەيگەن مىقدارىدىن توغرىلاپ چىقىرىۋېتىلىدىغان باج سوممىسىنى ئايمۇئاي تولۇق قايتۇرۇش، ياسىمچىلىققا بېرىلىدىغان قەرز پۇل سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ياسىمچىلىق ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش سېلىنمىسىنى كۆپەيتىش كېرەك. كەسىپ زەنجىرى بىلەن تەمىنات زەنجىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، كەسىپ ئاساسىنى قايتا بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇش كېرەك. چوڭ كارخانىلارنىڭ يېتەكچىلىك، تىرەكلىك رولىنى ۋە ئوتتۇرا، كىچىك، مىكرو كارخانىلارنىڭ ھەمكارلىشىش، يۈرۈشلىشىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. سانائەت ئالاقە تورىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كەسىپ زەنجىرى بىلەن يېڭىلىق يارىتىش زەنجىرىنىڭ يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش، تېخىمۇ كۆپ ئورتاق تېخنىكا تەتقىقات سۇپىسى بەرپا قىلىپ، ئوتتۇرا، كىچىك، مىكرو كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ۋە كەسپىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. 5G تورى ۋە 1000 مېگابايتلىق ئوپتىكىلىق تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئەمەلىي مەنزىرىنى بېيىتىش لازىم. تور بىخەتەرلىكى، سانلىق مەلۇمات بىخەتەرلىكى ۋە شەخسىي ئۇچۇر بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى كۈچەيتىش كېرەك. يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ جايلىشىشىنى بىرتۇتاش پىلانلاش كېرەك. سۈپەت ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئۆلچەم سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەندىكى ئۆلچەمنىڭ ئۈنۈملۈك جىپسىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، ھۈنەرۋەن روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىنچىكە ئىشلەش ئارقىلىق جۇڭگو ياسىمچىلىقىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

(ئاخىرى 7 - بەتتە)